

ئىزوپ مەسەللىرى

# پاقا بىلەن كالا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەزوپ مەسەللىرى

• دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر •

ISBN 978-7-228-08335-0

9 787228 083350 >

定价:2.50元

# پاقا بىلەن كالا

ئاپتورى: ئىزوپ (يۇنان)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئازات



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

青蛙和牛/(古希腊) 伊索著；阿里木江·阿扎提译.
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.9（2007.3 重印）
（伊索寓言选）
据沈阳出版社2000年6月第1版2001年3月第2次印刷本选译
ISBN 978 - 7 - 228 - 08335-0

Ⅰ.青... Ⅱ.①伊...②阿... Ⅲ. 寓言—作品集—古希腊—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I545.74

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第085820号

责任编辑：艾合买提·伊明
责任校对：塞娜瓦尔·伊不拉音
封面设计：艾克白尔·萨力

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
787×1092毫米 32开本 1.5印张
2003年9月第1版 2007年3月第2次印刷
印数：5,001—10,000

ISBN 978 - 7-228-08335-0 定价2.50元

بۇ كىتاب شىنجاڭ نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ
نەشرى، 2001 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجى-
مە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# پاقا بىلەن كالا

ئاپتورى: ئېزوپ (يۇنان)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئازات

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 1.5
2003 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 5,001—10,000
ISBN 978-7-228-08335-0
باھاسى: 2.50 يۈەن

# ئانا - بالا قارىغۇچاشقان

تۇغۇلۇشىدىنلا ھېچنېمىنى كۆرۈپ باقمىغان كىچىك قارىغۇچاشقان بىر كۈنى ئانىسىغا:

—ئانا، مەن ھازىر ھەممە نەرسىنى كۆرەلەيدىغان بولدۇم! — دەپتۇ. ئانىسى ئىشەنمەپتۇ ھەمدە گۈپۈلدەپ سۈت ھىدى پۇراپ تۇرغان بىر تال باشاقنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

—بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرەلىدىڭمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ.

كىچىك قارىغۇچاشقان:

—ئۇ بىر تاش ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئانىسى مەيۈسلەنگەن ھالدا:

—سەندە كۆرۈش سېزىمىلا ئەمەس، بەلكى پۇراش سېزىمىمۇ يوق ئىكەن، — دەپتۇ.



# كالا قوتىنىدىكى ئىت

مالچى كالىلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن قوتانغا بىرمۇنچە قۇرۇق ئوت - چۆپنى دۆۋىلەپ قويۇپتۇ. بىر ئىت قوتانغا ئۆمىلەپ كىرىپ، كالىلارنى ئوت - چۆپكە يېقىن كەلتۈرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، كالىلاردىن بىرى ئاچچىقلانغان هالدا يېنىدىكى هەمراھىغا:

—بۇ ئىت بەك شەخسىيەتچىكەن، ئۆزى ئوت - چۆپ يېمەيدىغان تۇرۇقلۇق، بىزنىمۇ يېگىلى قويمايۋاتىدۇ، نېمىدېگەن ئۆكتەملىك بۇ! — دەپتۇ.






# قۇيرۇقى يوق تۈلكە

بىر تۈلكە ئۇۋۇچىنىڭ تۇزىقىدىن قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن قۇيرۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ھەمراھلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە قاپتۇ. ئۇ ئىچىدە: «باشقا تۈلكىلەرنىڭمۇ قۇيرۇقى بولمىغان بولسا تازا ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلاپتۇ ھەمدە ھەمراھلىرىغا قۇيرۇق بولمىسا قانداق ياخشى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ:

— سىلەرمۇ مېنى دوراپ باقساڭلار بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

تۈلكىلەر قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە:

— سەن ئەجەب قۇيرۇقۇڭ بار چاغدا بىزگە بۇنداق گەپنى دەپ باقمىغانىدىڭغۇ؟ — دەپتۇ.



# بۆرە كەلدى

مال بېقىۋاتقان بىر بالىنىڭ ئىچى پۇشۇپ قاپتۇ - دە، قەستەن:

— بۆرە كەلدى! — دەپ تۇۋلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كەنتتىكىلەر دەرھال يېتىپ كەپتۇ ھەمدە بۆرە يوقلۇقىنى كۆرۈپ كېتىپ قاپتۇ. مالچى بالا ئۇلارنى ئاشۇ تەرىقىدە بىرنەچچە قېتىم ئەخمەق قىپتۇ. كېيىن، راستتىنلا بۆرە كەپتۇ. مالچى بالا قورققىنىدىن:

— بۆرە كەلدى! كۆپچىلىك ماڭا ياردەم قىلىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ. بىراق، كەنتتىكىلەر ئۇنى يەنە يالغان سۆزلەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، ياردەمگە كەلمەپتۇ. ئاقىۋەت، ھېلىقى بۆرە مالچى بالىنىڭ قويلىرىنى بىر - بىرلەپ يەۋېتىپتۇ.



# پاقا بىلەن كالا

كالا كۆلچەككە سۇ ئىچكىلى بېرىپ، بىر كىچىك پاقىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. پاقا ئانا قايتىپ كېلىپ، بىر بالىسىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، باشقا بالىلىرىدىن ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سوراپتۇ. كىچىك پاقىلار:

—ئۇنى مۈڭگۈزى بار، تۆت پۇتلۇق بىر مەخلۇق دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، — دەپتۇ. پاقا ئانا قورسىقىنى كۈچەپ كۆپتۈرۈپ:

—ئۇ مەخلۇقنىڭ قورسىقى مۇشۇنچىلىك بارمىكەن؟ — دەپ سورىغانىكەن، بالىلىرى:

—بولدى قىلىڭ، ئاپا، قورسىقىڭىزنى ھەرقانچە كۆپتۈرسىڭىزمۇ، ئۇ مەخلۇقنىڭ ئۇندىن بىرىگە تەڭ بولالمايسىز، — دەپتۇ.



# قاغىنىڭ پادىشاھ بولۇشى

زىۋۇس قۇشلارغا بىر پادىشاھ تەيىنلەپ بەر-
مەكچى بوپتۇ ھەمدە «قايسى قۇش ئەڭ چىرايلىق
بولسا شۇنى پادىشاھلىققا تەيىنلەيمەن» دەپ
پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. قاغا ئۆزىنىڭ سەتلىكىنى
بىلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا پادىشاھلىقنى تەمە قى-
لىپ، ھەر خىل قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى بەدىنىگە
قادىۋېلىش ئارقىلىق، سۇمۇرغدەك گۈزەل قىيا-
پەتكە كىرىۋاپتۇ. زىۋۇس ئۇنىڭ ساختا قىياپى-
تىگە ئالدىنىپ، ئۇنى پادىشاھلىققا تەيىنلىمەك-
چى بوپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن قۇشلار تە-
رەپ - تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ بە-
دىنىدىكى رەڭگارەڭ پەيلەرنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىپ-
تۇ، شۇنىڭ بىلەن، قاغىنىڭ ئەپت - بەشى-
رىسى ئاشكارا بوپتۇ.



# ئانا - بالا بۇغىلار

بىر كۈنى، كىچىك بۇغا ئانىسىدىن:

— سىزنىڭ بويىڭىز ئېگىز، يۈگۈرۈشىڭىز ئېتتىن تېز تۇرۇپ، ئوۋ ئىتىدىن نېمانچە قورقىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئانىسى ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— توغرا ئېيتتىڭ، بالام، مېنىڭ ھەققەتەن شۇنداق ئارتۇقچىلىقلىرىم بار. لېكىن نېمىشقىدۇر، ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن! — دەپتۇ.



# بۈركۈت بىلەن يا ئوقى

بىر بۈركۈت ئېگىز قىيانىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، يەردە ئويناپ يۈرگەن بىر توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئۇنى تۇتۇپ يېمەكچى بوپتۇ. دەل شۇ ئەسنادا، بىر يا ئوقى ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئاپتۇ. بۈركۈت ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزىگە سانجىلغان يا ئوقىدىكى پەيىنىڭ ئۆزىنىڭ پېيى ئىكەنلىكىنى تونۇپ قاپتۇ - دە، ئۆرتەنگەن هالدا:

—دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولامدۇ؟ — دەپتۇ.



# چاشقان بىلەن ئاغمىخان

چاشقانلار ئاغمىخانلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا دائىم يېڭىلىپ قالىدىكەن. ئۇلار بۇنى تۈزۈكرەك بىر قوماندانىنىڭ بولمىغانلىقىدىن كۆرۈپتۇ ـ دە، ئىبىسىل جەمەتتىن كېلىپ چىققان، ئەقىللىق ھەم باتۇر بىر چاشقاننى ئۆزلىرىگە قوماندان قىلىپ سايلاپتۇ. ئۇ چاشقان ئۆزىنى باشقا چاشقانلاردىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن بېشىغا يالغان مۆڭگۈز قادىۋاپتۇ. ئۇرۇش باشلىنىشىغىلا، چاشقانلار يەنە مەغلۇپ بولۇپ بەدەر قېچىپتۇ. ھېلىقى قوماندان چاشقان بېشىدا يالغان مۆڭگۈز بولغاچقا دەرھال بۇرۇلالماي قاپتۇ ـ دە، ئاغمىخانلارغا يەم بولۇپ كېتىپتۇ.



# بۇت ۋە ئېشەك

بىر ئادەم ئېشەكنىڭ ئۈستىگە بىر بۇتنى ئارتىپ شەھەرگە ماڭغانىكەن، يولدا ئۇچرىغانلىكى ئادەملەر بۇتقا باش ئۇرۇپتۇ. ئېشەك «ئۇلار ماڭا سەجدە قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قاپتۇ ـ دە، خۇشاللىقىدىن هاڭراپ كېتىپتۇ ۋە ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ. بۇ ئەھۋالنى چۈشەنگەن ئېشەكنىڭ ئىگىسى ئۇنى راسا قامچىلاپ تۇرۇپ:

—ھۇ هارامزادە، كىشىلەر تېخى ئېشەككە سەجدە قىلغۇدەك هالغا چۈشۈپ قالمىدى جۇمۇ! — دەپتۇ.



# ئاچ كۆز تۈلكە

ئاچ قالغان بىر تۈلكە تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ، مالچى دەرەخ كاۋىكىغا تىقىپ قويغان بولكا بىلەن گۆشنى بايقاپ قاپتۇ ھەمدە كاۋاكنىڭ ئىچىگە كىرىپ ، قورسىقىنى بولۇشىچە تويغۇزۇپتۇ ، بىراق قورسىقى ھەددىدىن زىيادە كۆپۈپ كەتكەچكە، دەرەخ كاۋىكىدىن چىقالماي يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەنە بىر تۈلكە:

— ئەمدى سەن قورسىقىڭ ئىچىپ ئەسلىي ھالىتىڭگە قايتقۇچە كاۋاكنىڭ ئىچىدە ساقلاپ تۇرساڭ بولغۇدەك، — دەپتۇ.



# بۆرىنىڭ كۆلەڭگىسى

تاغ باغرىدا لاغايلاپ يۈرگەن بۆرە ئۆزىنىڭ يەردىكى يوغان كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ:

— مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك بەستىم بارلىقىنى ئەجەب بىلمەي يۈرۈپتىمىنا ؟ مەن ئەمدى شىر بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى تارتىۋالسام بولغۇدەك، — دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئاشۇنداق خىيال سۈرۈپ تۇرغىنىدا، بىر شىر ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى يەۋېتىپتۇ.



# شىر تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغان ئېشەك

بىر ئېشەك شىر تېرىسىگە ئورۇنۇپ ئورمانغا كىرىپتۇ. ئۇششاق ھايۋانلار راست شىر كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ بەدەر قېچىپتۇ. ئاخىردا ئۇنىڭغا بىر تۈلكە ئۇچراپ قاپتۇ، تۈلكىمۇ ئۇنى كۆرۈپ قاچماقچى بوپتۇ. بۇنىڭدىن ئېسىنى يو-قىتىپ قويغان ئېشەك ھاڭراپ ساپتۇ، تۈلكە شۇ ھامان كەينىگە بۇرۇلۇپ:

—ھو دۆت ئېشەك، ھاڭرىغىنىڭنى ئاڭلى-مىغان بولسام، سېنى راست شىر دەپ ئويلاپ قالاركەنمەن، — دەپتۇ.



# غاز بىلەن تۇرنا

غاز بىلەن تۇرنا چىملىقتا ئويناپ يۈرگەندە، بىر ئوۋچى كېلىپ، ئۇلارنى تور بىلەن تۇتۇۋالماقچى بوپتۇ. تۇرنا ئۇنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قېلىپ پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. غاز كالانپاي بولغاچقا ئۇچالماي، ئوۋچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ.



# سۇرەتقاش

بىر سۇرەتقاش بىر تۇپ ئانار دەرىخىگە قونۇپتۇ ھەمدە راسا مەي بولۇپ پىشقان قىپقىزىل ئانارلارنى كۆرۈپ كەتكۈسى كەلمەي قاپتۇ. بىر ئۇۋچى ئاشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. سۇرەتقاش قەپەسنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ:

—ئاچ كۆزلۈك مېنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلدى! — دەپتۇ.



# مالچى بىلەن قوي

مالچى ماللىرىنى ئورمانغا قويۇپ بېرىپتۇ، ئاندىن بىر توپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ قېشىغا كېلىپ، چاپىنىنى دەرەخنىڭ ئاستىغا يېيىپتۇ ـ دە، ئۆزى دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ، مېۋىلەرنى ئىرغىتىپ چۈشۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ قويلىرى مېۋىلەرنى تالىشىپ يۈرۈپ، يەرگە يېيىپ قويغان چاپىنىنى يىرتىۋېتىپتۇ. مالچى غەزەپلەنگەن هالدا:

— سەنلەر نېمىدېگەن ۋاپاسىز، تەييار چۈشۈرۈپ بەرگەن مېۋىنى يەپ تۇرۇپ، يەنە چاپىنىمنى يىرتىۋېتىپسىلەر! — دەپتۇ.



# ياۋا توشقانلار بىلەن پاقىلار

ياۋا توشقانلار ئۆزلىرىنىڭ توخۇ يۈرەكلىكىدىن نومۇس قىلىپ، كوللېكتىپ ھالدا سۇغا سەكرەپ ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ. ئۇلار كۆل بويىغا ئەمدىلا يېقىنلىشىشىغا، ئۇلاردىن ئۈركۈپ كەتكەن پاقىلار ئۆزلىرىنى دەرھال سۇغا ئېتىپتۇ. بىر ياۋا توشقان شۇ ھامان ھەمراھلىرىنى توسۇپ:

—بۇرادەرلەر، نىيىتىمىزدىن يانايلى، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، دۇنيادا بىزدىنمۇ ئۆتە توخۇ يۈرەك ھايۋانلار بار ئىكەن! — دەپتۇ.



# يىلان بىلەن دېھقان

دېھقان ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغان يىلاننى راسا كالتەكلەپتۇ. يىلان ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يامان نىيىتى يوقلۇقىنى، ئىسسىنىۋېلىش ئۈچۈنلا كىرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. دېھقان:

— بولمايدۇ! ئۆتكەندە قوشنام سېنى قوينىغا سېلىۋالغاندا، سەن ئۇنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپسەن، — دەپتۇ.

— سەن خاتا ئۇقۇپ قاپسەن، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ يىلان، — ئۇ زەھەرلىك موگۇ يەپ ئۆلۈپ قالغان. مەن ئىسسىنىۋالغاندىن كېيىن، ساڭا ئازراق زەھىرىمنى تۆكۈپ بېرەي، ئۇنىڭ بىلەن ھەر خىل كېسەلنى ساقايتالايسەن.

دېھقان ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ قاپتۇ. لېكىن، يىلان ئىسسىنىۋالغاندىن كېيىن، دېھقاننى يەنىلا چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.



# قاغا بىلەن ياۋا توشقان

قاغا بىر ياۋا توشقاننىڭ تام تېشىپ ئوغرىلىقچا كىرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە:

—— تامنى نېمانداق تېشىپ بولالمايسەن ؟—— دەپتۇ.

ھېرىپ ماجالىدىن كەتكەن ياۋا توشقان بۇنى ئاڭلاپ تېرىككەن ھالدا:

—— ھۇ شور تۇمشۇق ، تامنى تېشەمدىم ـ تەشمەمدىم، سېنىڭ نېمە كارىڭ ؟ —— دەپتۇ.



# چۈشۈن بىلەن پەرۋانە

چۈشۈن بىلەن پەرۋانە ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىپ قاپتۇ. چۈشۈن:

— مەن ئىسسىقتىن قورقمايمەن، قىزىق سۇدىمۇ يۇيۇنۇۋېرىمەن، سەن شۇنداق قىلالامسەن؟ — دەپتۇ. پەرۋانە مەنسىتمىگەن ھالدا:

— ئۇ قانچىلىك ئىشتى، مەن ھەتتا ئوتنىڭ ئىچىدىمۇ ئۇسسۇل ئوينىيالايمەن، — دەپتۇ.

ئىككىلىسى بىر- بىرىگە قايىل بولماي قاتتىق ئېلىشىپ كېتىپتۇ ھەمدە تەڭلا ھالاك بوپتۇ.



# ئىنەك بىلەن موزاي

موزاي ئىنەكنىڭ ئېتىزدا جاپالىق ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا:

— ئانا، دۇنيا شۇنچە كەڭ تۇرسا، بىز نېمىشقا بۇ دېھقان ئۈچۈن تەر تۆكۈپ، ئازاب چېكىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىنەك خورسىنغان ھالدا:

— بالام بىراۋنىڭ نەرسىسىنى يېگەن ئىكەنمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىمەي ئامالىمىز يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



# بۆره بىلەن ئۆچكە

بۆره بىر ئۆچكىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا:

— ئاڭلىسام، سەن ئۇسسۇلنى بەك ياخشى ئوينايدىكەنسەن، مەن ساڭا نەي چېلىپ بېرەي، ماڭا بىر ئۇسسۇل ئويناپ بەرسەڭ، قانداق؟ — دەپتۇ. ئۇنىڭ گېپىدىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغان ئۆچكە ماقۇل بوپتۇ ھەمدە ئۇسسۇلنى بولۇشىغا ئويناپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بۆره ئۇنى يەۋېتىپتۇ. ئۆچكە ئۆلۈش ئالدىدا:

— بۆرىگە ئۇسسۇل ئويناپ بەرگەندىكىمەن، مەن بەك دۆتكەنمەن، — دەپتۇ.



# ئىلاھ بىلەن تۈلكە

تۈلكىنىڭ ئەقىللىقلىقىغا قايىل بولغان ئىلاھ ئۇنى ھايۋانات پادىشاھى قىلىپ تەيىنلىمەكچى بوپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىشلارنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىشىنى ئۈمىد قىپتۇ، تۈلكىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ماي قوڭغۇزنى ئەۋەتكەنىكەن، تۈلكىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى تۇتۇپ ئۇنى يەۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىلاھ تۈلكىنى ھايۋانات پادىشاھى قىلىپ تەيىنلەشتىن شۇھامان ۋاز كېچىپتۇ.



# زېۋس بىلەن تاشپاقا

زېۋس بارلىق ھايۋانلارنى زىياپەتكە چاقىرىپتۇ. زىياپەتكە تاشپاقىدىن باشقا ھەممە ھايۋان كەپتۇ. ئەتىسى زېۋس تاشپاقىدىن زىياپەتكە نېمىشقا كەلمىگەنلىكىنى سورىغانىكەن، ئۇ:

— مېنى بىئەدەپلىك قىلدى دەپ ئەيىبلىمەڭ، مەن ئۆيۈمگە قارايمەن دەپ كېلەلمەي قالدىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان زېۋسنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئۆيۈڭنى شۇنچە مۇھىم دەپ بىلسەڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى دۈمبەڭگە يۈدۈپ يۈر، — دەپتۇ.





# پەيلاسوپ، زىۋس ۋە چۇمۇلە

دېڭىزدا بىر كېمە ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ، نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپتۇ. قىرغاقتا تۇرغان پەيلاسوپ بۇنى «زىۋسنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن بولدى» دەپ قاراپتۇ. شۇ چاغدا، بىر توپ چۇمۇلە كې-لىپ، ئۇنىڭ پۇتىنى چېقىۋاپتۇ. ئاغرىققا چى-دىمىغان پەيلاسوپ ئۇلارنىڭ نۇرغۇنىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن زىۋس ھاسىسى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا نوقۇغىنىچە:

—ئۆزۈڭ شۇنچە رەھىمسىز تۇرۇپ، يەنە تېخى مېنى ئەيىبلەۋاتامسەن؟ — دەپتۇ.







# دەرەخ بىلەن پالتا سېپى

بىر ئادەم ئورمانغا كىرىپ، ئۆزىگە بىر پالتا سېپى كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ. دەرەخ ئۇنىڭغا:

—ئاۋۇ كىچىك دەرەخنىڭ شېخىنى ئىشلەتكىن، — دەپتۇ. ئۇ ئادەم پالتىسىغا ساپنى بېكىتكەندىن كېيىن، يوغان دەرەخلەرنى كېسىشكە باشلاپتۇ. دەرەخلەر پۇشايمان قىلغان هالدا:

—ئۇنىڭ ساپ ياسىشىغا دەسلەپتىلا يول قويمىغان بولساق، مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالمىغان بولاتتۇق! — دەپتۇ.



# ئات بىلەن بۇغا

مەلۇم بىر يايلاقتا ئات ئۆزى يالغۇز ياشايدىكەن. بىر كۈنى بىر بۇغا ئۇنىڭ يايلىقىغا ئۇسۇپ كىرىپ، خالىغىنىچە ئوتلاپتۇ. بۇنىڭدىن قورسىقى كۆپكەن ئات ئۇنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن ئادەمنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. ئادەم ئۇنىڭغا:

—مېنىڭ ئۈستۈڭگە مىنىپ تۇرۇپ، سېنى چۆلۈۋۈر بىلەن باشقۇرۇشۇمغا يول قويساڭ، ئاندىن ياردەم قىلىمەن — دەپتۇ. ئات ئويلىنىپ تۇرمايلا ماقۇل بوپتۇ. لېكىن، شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.



# ئوۋچى بىلەن زەھەرلىك يىلان

ئوۋچى بىر سۇرەتقاشنىڭ دەرەخ شېخىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئاستا قارىغا ئاپتۇ ھەمدە ئويلىمىغان يەردىن ئۇخلاۋاتقان بىر زەھەرلىك يىلاننى دەسسىۋاپتۇ. يىلان شۇ هامان ئۇنى چېقىۋاپتۇ. ئوۋچى زەھەرلىنىپ يەرگە يىقىلىپتۇ ھەمدە ھەسرەت بىلەن:

—باشقىلارنى قەستلەيمەن دەپ، ئاخىر ئۆزۈمنىڭ بېشىغا چىقتىم، — دەپتۇ.







# تۆگە بىلەن كالا

كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ھەۋىسى كەلگەن تۆگە تەڭرىدىن ئۆزىگىمۇ ئاشۇنداق مۈڭگۈز ئاتا قىلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. تەڭرى:

—مەن ساڭا يوغان بەدەن ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغان تۇرسام، شۇنىڭغىمۇ شۈكۈر قىلمايۋاتامسەن؟ — دەپتۇ - دە، ئۇنىڭغا مۈڭگۈز ئاتا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قۇلىقىنىڭ يېرىمىنى كېسىۋاپتۇ.



# قارا چېكەتكە بىلەن ھۇۇقۇش

كېچىچە ھەرىكەت قىلىپ چارچاپ كەتكەن ھۇۇقۇش كۈندۈزى قېنىپ ئۇخلىۋالماقچى بوپتۇ. بىراق، قارا چېكەتكە چىرىلداپ ئۇنى ئۇخلاتماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھۇۇقۇش بىر ئەقىلنى ئويلاپ تېپىپ، ئۇنىڭغا:

— ئاۋازىڭ بەك يېقىملىقكەن، ناخشاڭدىن مەن بەك ھۇزۇرلاندىم. سېنى بىر مېھمان قىلىۋالسام قانداق دەيسەن؟ — دەپتۇ. قارا چېكەتكە بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتىپتۇ - دە، ئوچۇقچىلىققا چىقىپتۇ. يىراقتا كۆزىتىپ تۇرغان بىر سار ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ.



# بۆرە ، تۈلكە ۋە مايمۇن

بۆرە تۈلكىنى « مېنىڭ نەرسەمنى ئوغرىلىۋالدىڭ » دەپ ئەيىبلەپتۇ ، تۈلكە بۇنى ئىنكار قىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئىككىسى مايمۇننىڭ قېشىغا ھەق - ناھەقنى ئايرىغىلى بېرىپتۇ . مايمۇن ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن :

— بۆرە ، مېنىڭچە سەن بەك مۇھىم نەرسەڭنى يىتتۈرمەپسەن ، تۈلكە ، مېنىڭچە سەن ئۆزۈڭ ئالدىم دەپ قارىمايدىغان نەرسىنى ئوغرىلاپسەن ، — دەپتۇ .



# ئوغرى بىلەن ئۆي ئىتى

بىر ئوغرى يېرىم كېچىدە بىر ھويلىغا تامدىن ئارتىلىپ كىرىپتۇ ھەمدە ھويلىدىكى ئىتنى ئالداش ئۈچۈن، ئۆزى ئالغاچ كەلگەن ئۇششاق گۆشلەرنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپتۇ. لېكىن، ئىت:

— بۇ گۆشلىرىڭ بىلەن مېنى ئالدايمەن دېمە، مۇشۇ قىلىقىڭدىنلا سېنىڭ باشقىچە غەرىزىڭ بارلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ.



# پاينەكۋاش بىلەن پاشا

پاشا بىر پاينەكۋاش ئادەمنىڭ بېشىنى چې-قىۋاپتۇ. پاينەكۋاش ئۇنى ئۆلتۈرمەن دەپ، ئۇ-زىنىڭ بېشىغا ئۇرۇۋاپتۇ. پاشا ئۇنى زاڭلىق قىلىپ:

—مېنى ئۆلتۈرەلمەي، ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ يو-رىسەنغۇ، ئەخمەق! — دەپتۇ. پاينەكۋاش:

—مەن بېشىمنى قەستەن ئۇرمىدىم، شۇڭا بېشىم مېنى كەچۈرۈۋېتىدۇ، لېكىن سەن باش-قىلارنىڭ قېنىنى شورايدىغان پارازىت، سېنى يوقىتىش ئۈچۈن مەن ھەرقانداق بەدەل تۆ-لەشكە رازىمەن، — دەپتۇ.





# شىر بىلەن تۈلكە

مايمۇن ئۆزىنىڭ چەبدەسلىكى بىلەن تونۇلۇپ ھايۋانات پادىشاھى بولۇپ سايلىنىپتۇ. بۇنىڭغا قايىل بولمىغان تۈلكە ئۇنى بىر ئاماللار بىلەن جۆندىمەكچى بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ مايمۇننى ئوۋچىنىڭ گۆش قىستۇرۇپ قويغان قاپقىنى بار يەرگە باشلاپ بېرىپ:

— ئاۋۇ گۆشنى مەن سىز ئۈچۈن تەييارلاپ قويغانىدىم، — دەپتۇ.

مايمۇن گۆشنى ئالىمەن دەپ، قاپقانغا دەسسىۋاپتۇ. بۇ چاغدا تۈلكە:

— قاپقاننىمۇ پەرقلەندۈرەلمەيدىغان سەندەك بىر مايمۇنەكنىڭ پادىشاھ بولۇشقا سالاھىيىتىڭ توشامدۇ، — دەپتۇ.



# تۇلكە بىلەن قاغا

قاغا بىر پارچە گۆشنى چىشلىگىنىچە دەرەخ شېخىغا قونۇپتۇ ھەمدە گۆشنى ئالدىرىماي يې-مەكچى بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن تۇلكە نىيىتىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭغا:

—مەن ھازىرغىچە سېنىڭدەك چىرايلىق قاغىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، ئاۋازىڭمۇ شۇن-داق چىرايلىقمىدۇ؟ — دەپتۇ. ئۇنىڭ ماختى-شىدىن خۇش بولۇپ كەتكەن قاغا ئۆزىنىڭ ئاۋا-زىنىمۇ بىر ئاڭلىتىپ قويماقچى بولۇپ، ئاغزى-نى شۇنداق ئاچقانىكەن، چىشلىۋالغان گۆشى يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. تۇلكە گۆشنى ئېلىپ، غادىيىپ كېتىپ قاپتۇ.



# ئانا كەپتەر بىلەن قاغا

ئانا كەپتەر قەپەسنىڭ ئىچىگە جىق باچكىلاپتۇ ھەمدە قەپەسنىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قاغىغا ماختىنىپ:

— قارا، مېنىڭ باللىرىم ناھايىتى كۆپ، — دەپتۇ. قاغا مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ:

— باللىرىڭ كۆپ بولغىنى بىلەن بەربىر قەپەسنىڭ ئىچىدىكەنغۇ، — دەپتۇ.



# مۈشۈك بىلەن چاشقان

بىر ئۆيدە نۇرغۇن چاشقان بارلىقىنى ئاڭلىغان مۈشۈك ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىپتۇ ھەمدە كۆپىنچىسىنى يەۋېتىپتۇ، قالغان چاشقانلار كامارغا قېچىپ كىرىۋاپتۇ. مۈشۈك ئۇلارنى ئالداپ سىرتقا ئاچىقىش ئۈچۈن، يالغاندىن ئۆلگەن قىياپەتكە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. بىر چاشقان كاماردىن بېشىنى چىقىرىپ:

— بولدى ئاۋارە بولما، سەن تاشقا ئۆزگىرىۋالساڭمۇ بىز ھەرگىز ئالدام خالتاڭغا چۈشمەيمىز، — دەپتۇ.



# ئەر مالاي بىلەن ئايال مالاي

ئەر مالاي بىلەن ئايال مالاي بىرلىشىپ، خوجايىنىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. ئەر مالاي ئەر خوجايىنغا بەكلا ئۆچ بولغاچقا، ئالدى بىلەن شۇنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ؛ ئايال مالاي بولسا ئالدى بىلەن ئايال خوجايىننى ئۆلتۈرۈش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىك- كىسى گەپ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. نەتى- جىدە، ئايال خوجايىن ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بىلىپ قېلىپ، ئىككىسىنى ئۆيدىن بىراقلا قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ.



# هۈنەرۋەن بىلەن ئوغرى

هۈنەرۋەن ئىشتىنىنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ. ھەمدە ئۇنى بىرىنىڭ كىيىۋالغىنىنى كۆرۈپ قىلىپ، قايتۇرۇۋالماقچى بوپتۇ. ئوغرى ئىشتاننى بەرگىلى ئۇنىماي: «ئىسپاتىڭ بارمۇ؟» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. هۈنەرۋەن:

— مەن كۆن بويى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىش قىلغاچقا، ئىشتىنىمنىڭ تىزىدا ئىككى ياماق بار، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوغرىمۇ گىدىيىپ تۇرۇپ:

— مەنمۇ ئوغرىلىق قىلىمەن دەپ كۆن بويى تىزلىنىپ ئولتۇرىدىغان تۇرسام! — دەپتۇ.



# چاشقان بىلەن ئىت

بىر توپ چاشقان قازان بېشىغا سەكرەپ چىقىپ، قازاندىكى گۆشنى ئوغرىلاپ يېمەكچى بولغانىكەن، ئوچاقنىڭ يېنىدا ئۇخلاۋاتقان ئىت بۇنى بايقاپ قاپتۇ. چاشقانلار ئىتنىڭ ئۈن چىقارماسلىقىنى ئۆتۈنۈپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا گۆشتىن ئازراق بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئىت بۇنى رەت قىلىپ:

— ھەممىڭ يوقىلىش، مەن خوجايىنىمنىڭ قازاندىكى گۆشنى مېنى يەۋاپتۇ دېيىشىنى خالىمايمەن، — دەپتۇ.



# شىر بىلەن بۆرە

ئورمان پادىشاھى شىر ئۆزىگە بىر ۋەزىر تەيىنلىمەكچى بوپتۇ. تۈلكە بىلەن بۆرە بىردەك ۋەزىر نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلىپتۇ. بۆرە ئاۋۋال سۆز قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

—پادىشاھ ئالىيلىرى، سىزگە چوقۇم باتۇر بىر قوغدىغۇچى كېرەك، بۇ جەھەتتە مەن تۈلكىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىمەن، — دەپتۇ. شىر كۈلۈپ كېتىپتۇ:

—ماڭا قوغدىغۇچى ئەمەس، بەلكى تەدبىرلىك بىر ھەمراھ كېرەك، — دەپتۇ ھەمدە تۈلكىنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ.



# ئېشەك بىلەن بۆرە

بۆرە ئوتلاۋاتقان ئېشەكنى يېمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاستا يېقىنلىشىپتۇ. ئېشەك ئۆزىنىڭ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يالغاندىن زەخىملەنگەن بولۇۋاپتۇ. بۆرە سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ئۇ:

— بايا پۇتۇمغا بىر تىكەن كىرىپ كەتتى، سەن مېنى يېسەڭ، ئۇ گېلىڭغا سانجىلىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا، ئاۋۋال ئۇنى چىقىرىۋەتكىن، — دەپتۇ. بۆرە ئېگىشىپ ئۇنىڭ پۇتىغا قارىشىغا، ئېشەك بىرنى تېپىپ ئۇنى ياتقۇزۇۋېپ قويۇپتۇ. بۆرە پۇشايمان قىلغان ھالدا:

— ماڭا دوختۇرلۇق قىلىشنى نېمە قويۇپتۇ؟ — دەپتۇ.



# ئۆچكە بىلەن بۆرە

ئۆچكە تاغ چوققىسىدا ئوتلاپ يۈرگەنىكەن، بىر بۆرە ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ ھەمدە ئۇنى تاغدىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن، كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— ئۇ يەر بەك خەتەرلىك، تېيىلىپ كەتسەڭلا جېنىڭدىن ئايرىلىسەن، شۇڭا قايتىپ چۈشكىن، پەستىمۇ سەن يېگۈدەك نەرسىلەر كۆپ ئىكەن، — دەپتۇ. ئۆچكە ئۇنىڭغا:

— سەن ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭ يەيدىغان نەرسىنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن؟ — دەپتۇ.



# قىسقۇچپاقا بىلەن تۈلكە

بىر قىسقۇچپاقا دېڭىز ياقىسىدىكى تۇرمۇشتىن زېرىكىپ، بىر چۆپلۈككە كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. بىر كۈنى، ئاچ قالغان تۈلكە ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، تۇتۇپ يەۋېتىپتۇ. قىسقۇچپاقا ئۆلۈش ئالدىدا ئۆز - ئۆزىگە زارلىنىپ تۇرۇپ:

— بىر ئوبدان ماكانىمنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلگەندىكىن ئۆزۈمگىمۇ ئاز! — دەپتۇ.



# بۆرە بىلەن قوزىچاق

بىر بۆرە بىر قوزىچاقنى قوغلاپ كېتىپتۇ، قوزىچاق قېچىپ يۈرۈپ بىر ئىبادەتخانىغا كىرىۋاپتۇ. بۆرە سىرتتا تۇرۇپ:

—چاققان يېنىپ چىق، بولمىسا سېنى راھىبلار تۇتۇۋېلىپ قۇربانلىق قىلىۋېتىدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ. قوزىچاق:

—ساڭا يەم بولغاندىن قۇربانلىق بولغىنىم كۆپ ياخشى! — دەپتۇ.





[General Information]
书名=青蛙和牛  维吾尔文
SS号=40209936